
قۇتلۇق قەدەم
مىللەتلەر نەشرىياتى

# قۇتلۇق قەدەم

— مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ
شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن
كەچۈرگەنلىكى توغرىسىدا

قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر: ھەسەن ئېلى
ئىسمايىل مۇھەممەت

责任编辑:穆罕默德·伊明
责任校对:胡达拜地·和利力

**图书在版编目(CIP)数据**

吉祥的足迹:维吾尔文/艾山·艾力,斯马义·买买提著.—北京:民族出版社,1999.1
ISBN 7—105—03273—1

Ⅰ.吉… Ⅱ.①艾… ②斯… Ⅲ.报告文学—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I25

中国版本图书馆CIP数据核字(98)第29466号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号 邮编100013)
民族出版社微机照排 民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1999年2月第1版 1999年2月北京第1次印刷
开本:850×1168毫米 1/32 印张:11.75
印数:0001—1200册 定价:16.00元

# مۇقەددىمە

1995-يىل ماي ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، كۈندۈز تازا ئۆزىرىشقا باشلىغان چاغ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باغ-ۋارانلىرى يېشىللىققا پۈركەنگەن، ئېتىزلىرىدىن گۈپۈلدەپ مايسا ھىدى پۇراپ تۇرغان، قىر-دالالىرى گۈل-چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن، يېزا-كەنتلىرى دىلبەر قىزلاردەك چىرايلىق ۋە جەزىبىلىك ياسان-غاندى. غېرىچ ئۆزۈنلۇقتا باش تارتىپ تەكشى ئۆسكەن بۇغداي-لار، ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا سوزۇلغان سالا ئېتىزلاردىكى پاقلان بولغان كېۋەز مايسىلىرى كىشىدە ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى مۇجەس-سەملەنگەن دېھقانلارغا نىسبەتەن قايىللىق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى-نى پەيدا قىلاتتى. ئاق قۇشقاچلار ئەمدىلەتىن پىشىشقا باشلىغان ئاق ئۈجمىلەرنى توكولدىتىپ يەرگە تاشلاپ، ئارقا-ئارقىدىن ئولىشىپ كېلىدىغان مەمۇرچىلىقنىڭ باشلانغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە ئىدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇ-ئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك نازارەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى-نى باشلاپ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىندىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 22 ناھىيە، 43 يېزا-بازار-غا، 11 زاۋۇت، كارخانا، مەكتەپكە، 37 نەق مەيدانغا، شۇنىڭ-

دەك تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابىغا، ئازادلىق ئارمىيە 17-
دوختۇرخانىسىغا، كۇچادا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمغا بېرىپ،
جايلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقى-
رىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، خەلق تورمۇشى ۋە خەلق
ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. جايلارنىڭ
خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى، جايلار
بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش، بەزى قىيىنچىلىقلارنى
ھەل قىلىش توغرۇلۇق كېڭەشتى، ئۆزىنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى
ئوتتۇرىغا قويدى، 99 دېھقان ئائىلىسىنى، 15 پېشقەدەم كادىر
ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتنى يوقلاپ، ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورد-
دى، ئۇلار بىلەن تۇرمۇش، يېزا خىزمىتى توغرولۇق كەڭ-كۇ-
شادە سۆزلەشتى. بىز «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى سۈپىتى-
دە 5-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 11-كۈنىگىچە داۋاملاشقان
بۇ تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتۇق ھەمدە سەپەر جەريانىدا
كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمىزنى كۈندۈلۈك خاتىرىمىزگە ئاساسەن
رەتلەپ چىقتۇق.

## 5-ئاينىڭ 22-كۈنى (دۈشەنبە)

ئۈرۈمچىدە چۈشتىن بۇرۇن يامغۇر ياغدى، دەل-دەرەخ،
گۈل-چېچەكلەرگە قونغان چاڭ-توزانلار يۇيۇلۇپ، ھاۋا ساپلاش-
تى، چۈشتىن كېيىن يامغۇر توختاپ، ھاۋا بىردىنلا ئېچىلىپ
كەتتى. سائەت ئىككىگە ئون بەش مىنۇت قالغاندا ئۈرۈمچى
ئايرودرومىنىڭ مېھمان كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىگە يېتىپ كەلدۇق.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئاريدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سەپەرداشلار تۇشمۇتۇشتىن يىغىلغىلى تۇردى. تۆمۈر داۋامەتكە ھەمراھ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا تەك-شۈرۈش-تەتقىق قىلىشقا بارىدىغانلار تۆۋەندىكىچە ئىكەن:

جاڭ خېڭ: ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

مۇھەممەت يۈسۈپ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئا-ۋىن باش كاتىپى

مۇھەممەت ھەسەن: ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارد-تىنىڭ نازىرى

تۇرسۇن توختى: ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى

ما تېيجۈن: ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى-نىڭ مۇئاۋىن نازىرى

مۇھەممەت روزى: ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى

لى شىڭجيەن: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى ئۇنىۋېرسال باش-قارمىسىنىڭ باشلىقى

جاڭ جېنيا: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى

خو جېنگو: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى سىياسەت تەتقىقات ئىشخا-نىسىنىڭ مۇدىرى

نۇرمۇھەممەت: ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى قوغ-
داش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
سۇ چۈەنگۈي: تۆمۈر داۋامەتنىڭ كاتىپى
سۇرئەت ياسىن: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ
مۇخبىرى
قېيۇم ئىمىن: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ
مۇخبىرى

سەپەرداشلار بىر-ەر سائەت ئىچىدە يىغىلىپ بولدى. سۇ چۈەنگۈينىڭ قىسقا تونۇشتۇرۇشىدىن كېيىن، تۆمۈر داۋامەت ئايرودرومنىڭ مېھمان كۈتۈۋېلىش ئۆيىدە بۇ قېتىمقى تەكشۈ-رۈش-تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ مەقسىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

—بىز بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، بايىنغولىندىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت، ئوب-لاستتا تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىمىز. بۇنىڭ-غا تەخمىنەن 20 كۈن كېتىشى مۇمكىن. بىز مۇشۇ 20 كۈندە، بىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرىمىز. جۈملىدىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ۋە مۇقىملىقىغا دائىر ئەھۋاللىرىنى ئى-گىلەيمىز؛ يەنە بىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئامىللارنىڭ زادى قايسى ئىكەنلىكىنى ئې-نىقلايمىز. مۇنداقچە ئېيتساق، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى،

يەنى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاسنا بولۇشىدىكى سەۋەب زادى نەدە؟ دۆلەت، ھۆكۈمەت قايسى ئورۇنغا ئومۇمىي جەھەت-تىن قانداق ياردەم بېرىشى كېرەك؟ قانداق قىلغاندا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەلەيمىز؟ ھەل قىلىشقا تېگىش-لىك يەنە قانداق مەسىلىلەر بار؟ ئاشلىق بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەت ئوتتۇرىسىدا قانداق مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ؟ قات-ناش-ترانسپورت جەھەتتە قانداق مەسىلىلەر بار؟ كىشىلەرنىڭ ساپاسى ۋە مائارىپ جەھەتتە قانداق مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئىگىلەيمىز. قىسقىسى، ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق خىزمىتىمىزنى ياخشىلايمىز ۋە جايلارنىڭ تېزراق يۈكسىلىشىگە، خەلقنىڭ بېيىشىغا تۆرتكە بولىمىز.

ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. چامادان، سومكىلارنى كۆتۈرۈشكە تەرەددۇتلىنىۋاتساق، بىرەيلەن: ”خو-تەننىڭ ئايروپىلانى ئۇچمايدىغان بوپتۇ“ دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى.

بىز ئەسلىدە پىلان بويىچە ئاۋۋال خوتەنگە بېرىپ ئۇ يەردى-كى تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، كورلا ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتماقچى ئىدۇق. خوتەندە بوران چىقىپ، توپا يېغىپ ھاۋا ئوساللىشىپ كەتكەچكە، ئايرو-پىلان قونالمىغىلى ئۈچ كۈن بوپتۇ. بەزىلەر: ئەتە ئۇچايلى، دېدى. يەنە بەزىلەر: قەشقەر، قىزىلسۇمۇ تەكشۈرۈش دائىرى-مىزدە بولغاندىكىن، ئاۋۋال قەشقەر ئايرودرومىغا بېرىپ، تەك-شۈرۈشنى قىزىلسۇدىن باشلايلى، دېدى. ئۇقۇشۇپ باقساق، قەشقەرگە ئۇچىدىغان ئايروپىلاندا ئورۇن بار ئىكەن. دەرھال شۇ

ئايروپىلانغا چىقتۇق.

كۈن پاتارغا يېقىن قەشقەر ئايرودرومىغا قوندۇق. قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مەسئۇللىرى بىزنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن. بىز مىنىبۇسلارغا ئولتۇرۇپ، كەچ سائەت سەككىزگە يېقىن ئاتۇشقا كەلدۇق ۋە ئوبلاستلىق پارتكوم مېھمانخانىسىغا چۈشتۇق.

## 5-ئاينىڭ 23-كۈنى (سەيشەنبە)

چۈشتىن بۇرۇن ئاتۇش شەھىرىدە هاۋا ئوچۇق بولدى. مەھەللىلىرى ئەنجۈر، ئۈزۈم، ئۆرۈكلۈك باغلار، يوللىرى تېرەك، سۆگەتلەر بىلەن قاپلانغان سۈنتاغ، ئازاق يېزىلىرى كىشىگە بىرخىل بەختىيارلىق تۇيغۇسى بېغىشلايتتى.

تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىسى سۇ دېگۈي، ئوبلاست باشلىقى ئاسانبېك ۋە ئاتۇش شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا سونتاغ يېزىسىنىڭ ئازغان، مەشەت كەنتلىرىدە دېھقان ئۇرايىماخۇن، رەجەپ ئاخۇن ۋە ئابدۇكېرىم ئاخۇنلارنىڭ ئۆيىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن هال-ئەھۋال سورىدى، ئۇلار بىلەن خۇددى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلاردەك سەمىمىي، قىزغىن مۇڭداشتى، ئاندىن كېيىن ئازاق يېزىسىنىڭ بۇيامەت كەنتى 4-مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئېلى ئەيسانىڭ هويلىسىغا كىرىپ كەلدى.

پېشايۋانلىق هويلىنىڭ شىمالىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇردىغان ئىككى مو كەلگىدەك ئەنجۈرلۈك باغ باغ ئىگىسىنىڭ

ئەمگەكچان، تىرىشچان كىشى ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

—باغ ئىگىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئىشقا ئېپى بار ئىكەن جۇمۇ!—دېدى تۆمۈر داۋامەت رەتلىك تىكىلگەن ئەنجۈر كۆچەتلىرىگە مەمنۇنىيەت نەزەرى بىلەن تىكىلىپ.

—شۇنداق، قىلاي دېسە جىق ئىش قىلغىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىپ باي بولۇش ھەممىدىن ئاسان،—دېدى سۇ دېگۈي تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ،—بۇنىڭدا ئاساسمۇ، پۇرسەتمۇ بار.

—ئازاق كىلىماتى قۇرغاق، قىراۋسىز مەزگىلى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ جاي بولۇپ، ئەنجۈر ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. ئازاقنىڭ ئەنجۈر بىلەن مۇناقى ئۈزۈمى بەك داڭلىق. ھازىر ئازاقتا ئەنجۈر ئاساس قىلىنغان 8800 مو باغ بار. باغۋەنچىلىك كىرىمى يېزا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ خېلى زور سالمىقىنى ئىگەللەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى دېھقانلار ئەنجۈر، مۇناقى ئۈزۈم بىلەن ھەپىلىشىپ خېلى ھاللىنىپ قالدى. بۇلتۇر ئەنجۈر، ئەنجۈر مۇرابباسىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى. تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قامدىيالماي قالدى. . .

تۆمۈر داۋامەت ئاسانبېكنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

—ئاتۇش ئەنجۈر ماكانى. ئەنجۈر مەملىكەت ئىچى-سىرتى، جۈملىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ئېسىل مېۋە. بايا ئۇنىڭ بازىرى بەك ئىتتىك

بولدى، دېدىڭلار. ئالاھىدىلىك دېگەن مانا مۇشۇ، ئۇستۇنلۇك
دېگەن مانا مۇشۇ. بۇ ئالاھىدىلىكنى چىڭ تۇتۇش، ئۇستۇنلۇك-
تىن پايدىلىنىش كېرەك.
—توغرا، بۇ ئالاھىدىلىكتىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك،
—دېدى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ تۆمۈر
داۋامەتنىڭ سۆزىنى تولۇقلاپ.
—سۇ دېگۈي، ئاسانبېك، سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي،—
دېدى تۆمۈر داۋامەت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،—بىرنەچچە يىل-
دىن كېيىن قەشقەرگە پويىز كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ھازىرقى ئەنجۈ-
رىڭلار ئېھتىياجنى قامدىيالماي قالىدۇ. شۇڭا ھازىردىن باشلاپ
بۇ يەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش
توغرىسىدا ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىن ئويلىشىپ، بىر مەزگىل-
لىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىڭلار.
—بىزدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەبلىغى بار،—دەپ
گەپ قىستۇردى جاڭ خېڭ،—باغ قىلىمەن دېگەنلەرگە شۇنىڭ-
دىن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەرسەك، بۇمۇ مەبلەغنى جايىغا ئىشلەت-
كەنلىك، بېيىش قەدىمىنى تېزلەتكەنلىك بولىدۇ.
—بۇ باغ ماڭا ناھايىتى زور ئىلھام ئاتا قىلدى،—دېدى
تۆمۈر داۋامەت ھەمراھلىرىغا باغنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،—بىر
مو ئەنجۈرلۈكتىن 2000—2500 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدى-
كەن. نامرات ئائىلىلەرگە ئازدۇر-كۆپتۇر باغ قىلىپ بەرسەك،
ئىككى-ئۈچ يىلدا خېلى ھاللىنىپ قالغۇدەك. بابا بەش-ئالتە
ئائىلىنى يوقلىدۇق. تۇلىسىنىڭ ھال-كۈنى خېلى ياخشىكەن.
سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم ئۇلار يەر ئاز بولغاچقا، تىجارەت قىلىدى-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

كەن، ئاتۇشلۇقلار سودىغا ئۇستا. ئۇلار باغنىڭ مېۋىلىرىنىمۇ ئوبدان ساتالايدۇ. مېۋە كۆپ بولۇپ كەتسە، ساتقىلى بولماي قالارمىكىن دەپ غەم يېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. سىلەر مۇشۇ ئەھۋالنى ئوبدان تەتقىق قىلىڭلار. ئاتۇشتا باغۋەنچىلىكنى، بولۇپمۇ ئەنجۈر ئاساس قىلىنغان ئۈزۈملۈك، ئانارلىق، ئۆرۈكلۈك باغ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى ئوبدان ئويلىشىپ كۆرۈڭلار. كوللېكتىپمۇ مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ”يېشىل كارخانا“ بىنا قىلسۇن. 2000-يىلدىن ئاۋۋال سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار باغۋەنچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش بولسۇن.

تۆمۈر داۋامەت ئېلى ئەيسانىڭ ھويلىسىدىن چىقمۇاتقاندا، ئازاق يېزىسىنىڭ باشلىقى ئادىل يېزىنىڭ 2000-يىلغىچە ئومۇمىي باغ كۆلىمىنى 15 مىڭ موغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان باغ كۆلىمىنى يېرىم موغا، ئەشۇ يېرىم مو باغنىڭ كىرىمىنى 2000 يۈەنگە يەتكۈزۈش تەسەۋۋۇرى بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، تۆمۈر داۋامەت:

—بەك ئوبدان ئويلاپسىلەر، مۇشۇ تەسەۋۋۇرۇڭلارنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇڭلار، —دېدى.

ئاتۇشنىڭ مەھەللىلىرى بەك كۆجۈم ئىكەن. ئېلى ئەيسانىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ بىر دەمدىلا بولىيامەت كەنت 4-مەھەللىدىكى ئەبەت ئىسمىلىك دېھقاننىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئەبەت ئالتە جان بولۇپ، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ كۆزى كۆرمەيدىكەن. بىرنەچچە بالىسى ئەيىبناق ئىكەن. كىچىككىنە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بەكلا ئاددىي بولۇپ، زۆرۈر بولغان تورمۇش سەرەمجانلىرىمۇ يوق دېيەرلىك ئىكەن.

تۆمۈر داۋامەت ئاسانبېكتىن ئۇلارنىڭ ئاجىز، ئەيىبناق بولۇش سەۋەبىدىن تورمۇشتا قىينىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەبەتكە دەرھال ئۆي سېلىپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئاسانبېكمۇ بۇ ئىشنى ئويلىشىپ قويغانلىقىنى، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ 5000 يۈەندىن چىقىرىپ، ئىككى ئاي ئىچىدە چوقۇم يېڭى ئۆي سېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۆمۈر داۋامەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل خاتىرجەم بولدى. بۇ چاغدا ئۆزىدىن ھال سوراۋاتقان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەبەت ھاياجانلىنىپ يىغلاپ تاشلىدى. ياشىنىپ قالغان كىشىنىڭ يىغىسى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى بەكلا ئېزىۋېتىدىكەن. ئەبەتنىڭ ئەما كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان ھاياجانلىق ياشلىرى قورۇق باسقان يۈزىنى بويلاپ سىرغىغاندا، تۆمۈر داۋامەت پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلارنىڭ بېشىنى سىيلايدىغانلىقىنى، ھالىدىن چوقۇم خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بوۋاينىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللى بەردى.

بىز ئازاق كەنتىدە ماموق ئەبەي ئىسىملىك بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىردۇق. بۇ ئۆي بىز بايا كۆرگەن، تىجارەت بىلەن بېيىغان بەزى دېھقانلارنىڭ كەڭ، ئازادە، كۆركەم ئۆيلىرىگە تامامەن ئوخشىمايتتى. خام خىشتىن قوپۇرۇلغان، تېمى سۇۋالمىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بىر قاراشتىلا بۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ دىتى يوقراق ئادەم ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. بىز ھويلىدىن ئۆتۈپ باغقا كىردۇق. بۇ باغنى باغ دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئۈچ پۈڭ كەلگىدەك يەر چاكىلداپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. سۇ كىرمىگىلى بىرەر-ئىككى ئاي بولغان ئوخشايدۇ. ئاتۇشتەك تې-

رىلغۇ يەر قىس جايدا بىر ئوبدان يەرنىڭ مۇشۇنداق تاشلىنىۋېتىلىشى كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويىدىكەن. تۆمۈر داۋامەت مامۇق ئەبەينىڭ 32 ياشقا كىرگەنلىكىنى، ئايلى ۋە بىر بالىسى بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ياش ئىكەنسەن، كۈچ-قۇۋۋىتىڭ بار ئىكەن. پارتىيە، ھۆكۈمەت بېيىش سىياسىتى بەردى. قوشنىلىرىڭ بىر ئوبدان ئۆيلەرنى سېلىپ، يەردىن ئوبدان پايدىلىنىپ تۇرمۇشنى رەتكە سېلىۋاپتۇ. سەن بۇ ئوبدان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ ئۆيلىرىڭنى تۈزەشتۈرۈۋالغىن جۇمۇ، — دېدى.

بىز مامۇق ئەبەينىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ، ماي ياتقۇزۇلغان يېزا يولىدا ئالاھازەل 20 مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن، ئاتۇش شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپكە يېتىپ كەلدۇق.

ئۇيغۇر پوسۇنىدا كۆركەم، ئازادە، ئېگىز قىلىپ سېلىنغان بۇ مەكتەپ كىشىگە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان مەرىپەت مەشئىلىنى ئەسلىتەتتى.

تۆمۈر داۋامەت بۇ مەكتەپنىڭ 3-يىللىق 1-سىنىپقا كىرگەندە، ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سالام بەردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سورۇشتۇردى، ئاندىن كېيىن

— مەھمۇت قەشقەرى كىم، نەچچىنچى ئەسىردە ياشىغان، قانداق تۆھپە ياراتقان، بىلەمسىلەر، بالىلىرىم؟ — دەپ سورىدى.

— بىلىمىز! — ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى سىنىپنى چاڭ كەلتۈردى. ئانغىچە ئىبادەتگۈل ئىسىملىك ئىللىق چىراي

بىر قىز كۆپچۈلۈككە ۋاكالىتەن چاقماقتەك تېز ۋە توغرا جاۋاب بەردى:

—مەھمۇت قەشقەرى 11-ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس، «تۈركى تىللار دىۋانى»نى تۈزۈپ، تۈركى تىلىنىڭ شۆھرىتىنى دۇنياغا نامايان قىلغان.

—بارىكالللا، ياخشى ئوقۇپسىلەر، بالىلىرىم!—تۆمۈر داۋامەت مەمنۇن بولغان ۋە سۆيۈنگەن هالدا ئىبادەتگۇلنىڭ بېشىنى سىيلاپ قويىدى.

860 كۋادرات مېتىرلىق بۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئازاق يېزا تۆۋەن ئىشتاچى كەنتىدىكى كىرىم هاجىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن 90 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشى، باشقا مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ 20—30 مىڭ يۈەندىن چىقىرىشى ئارقىلىق 165 مىڭ 880 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ياسالغانىكەن. مەكتەپ مۇدىرى ئابلىز موللاخۇن بۇ مەكتەپنىڭ سېلىنىشى بىلەن نۇرغۇن دېھقان بالىلىرىنىڭ ياخشى ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىۋىدى، تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى:

—ئاكا-ئۇكا مۇسايوۋلار بۇنىڭدىن 110 يىل ئىلگىرى ئاتۇش ئىكساقتا ھۆسەينىيە مەكتىپى قۇرۇپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا ئاساس سېلىپ بەرگەنىدى. ئاتۇش خەلقى بۇ شەرەپلىك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ يەنە مەكتەپ قۇرۇپتۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش. 100 يىللىق پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مائارىپ ئاساس. بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشۈڭلارنى ئۈمۇ-

مىسى قىلىمەن.

تۆمۈر داۋامەت ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە بىنا-ئەن "بۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئەۋلادلارنى ئەخلا-قلىق، بىلىملىك، پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈڭلار" دەپ بې-غىشلىما يېزىپ بەردى، ئاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار، بىر قى-سىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

بىز سائەت 11 لەردە تۆۋەن ئىشتاچى كەنت 7-مەھەللىسىدى-كى ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق.

ئىسمائىل ھاجى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئالدىن بېيىغان يېڭى بايلارنىڭ بىرى ئىكەن. بىز ئۇنىڭ سېڭىپ پىشۇرۇلغان نان، ئەنجۈر قېقى، گۈلە، چىلان، قېتىق، گۆش قويۇلغان داستىخىنىغا داخىل بولدۇق. ئاڭلىساق، ئۇ 1982-يىلى ئاتۇشتا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگە-نىكەن، 90-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا تىجارەت قىلىپ، 94-يىل قايتىپ كەپتۇ. بۇ مەھەللىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ناچار ئىكەن. ئۇ 95-يىلى 3-ئايدا 130 مىڭ يۈەن خەجلەپ، مەھەللى-دىكىلەرگە بىر قۇدۇق كولىتىپ بېرىپتۇ، كەنتنىڭ تۈرلۈك پاراۋانلىق ئىشلىرىغا يەنە 350 مىڭ يۈەندەك پۇل ياردەم قىپتۇ. ئۇنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن 94-يىلى قىشتا ئالدىن بېيىغانلار نامراتلارغا ھەقسىز كۆمۈر تارقىتىپ بېرىپتۇ...

تۆمۈر داۋامەت ئىسمائىل ھاجىنى تېخىمۇ دادىل ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئازاقتا باغۋەنچىلىك بىلەن تىجارەت، بازار ۋە بورداقچى-لىقنى يولغا قويسا بولىدىكەن. مەن سەككىز ئائىلىنى كۆردۈم.

ئۇلارنىڭ بېيىغانلىرى، ئاساسەن تىجارەتچىكەن. تېرىلغۇ يەر ئاز بولغاندىكىن، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال مەزگىللىرىدە تىجا-رەت بىلەن شۇغۇللانسا، ئازدۇر-كۆپتۇر پۇل تاپقىلى بولىدى-كەن. ئىسمائىل ھاجىغا ئوخشاش تىپلارنى ئوبدان خەۋەر قىلىش كېرەك.

تۆمۈر داۋامەت چۈشتىن كېيىن ئاتۇش يېزا ئىگىلىك مەھ-سۇلاتلىرى بازىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى، ئابرويلۇق دىنىي زات روستەم قارىنى يوقلىدى.

## 5-ئاينىڭ 24-كۈنى (چارشەنبە)

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن بىز بىرنەچچە پىكاپ ۋە مىنى-بۇسقا ئولتۇرۇپ قەشقەر يېڭىشەھەر ئارقىلىق ئاقتۇ ناھىيىسىگە يول ئالدۇق. ئاقتۇنىڭ يولى ئىلگىرى تاشيول بولۇپ، توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان، ماي ياتقۇزۇلغاندىن كېيىن ئوبدان بولۇپ قاپتۇ. بىز تېرەك، جىگدىلەر بىلەن ئورالغان كۆجۈم مەھەللى-لەر، يانتاق، بېسىلغاقلىق جاڭگاللارنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ تېز يۈرۈپ كەتتۇق.

ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى چې-گىرلىنىدىغان جايدا ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ يەنپى بىلەن ھاكىم باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەر بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. تۆمۈر داۋامەت ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. قالغانلارمۇ بىر-بىرلەپ سالاملاشتى.

بىر ئون مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن، ئاقتۇ ناھىيە تورتاي



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com